# ؤكسگين



2016 3

# ئوكسگېن

## 3 ـ سان

تاشپولات روزى ئەزىز ئائىلە مائارىپى ئىزدىنىش سالونى تاللانما ئەسەرلىرى

### بۇساندا

◎مەكتەپ مۇدىرىنىڭ تۆت تال كەمپۈتى

◎خاتا تاپشۇرۇپ ئېلىنغان IQ سىنىقى نەتىجىسى

◎قۇلۇللەرنىڭ ئەلئېھرامنىڭ چوققىسىغا چىقىشى

◎نېمىشقا باللاردا ئاق قان راكى ئاۋۇپ كەتتى؟

◎ئامېرىكىدا يۇتكەن باللارنىڭ تېپىلىش نىسبىتى نېمە ئۈچۈن شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ؟

[ئەسكەرتىش : مەزكۇر تور ژۇرنىلى بۇ ساندىن ئېتىبارەن يانفون نۇسخىسىدا ئېلان قىلىنىدۇ ]

# مەكتەپ مۇدىرىنىڭ تۆت تال كەمپۈتى

**تاشپولات روزى ئەزىز تەرجىمىسى**

بىركۈنى تەنەپۇس ۋاقتىدا مەكتەپ مۇدىرى سىنىپلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئىككىنچى يىللىقتىكى بىر ئوغۇل بالىنىڭ قولىدىكى تاش بىلەن يەنە بىر ساۋاقدىشىنى ئۇرۇشقا تەمشىلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدى ـ دە، ناھايىتى تېزلىكتە ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ «ۋەقە» نىڭ ئالدى ۋە ھېلىقى تاش

كۆتۈرۈۋالغان بالىنى دەرستىن چۈشكەندە ئىشخانىسىغا كىرىشنى جىكىلەپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتى.

مەكتەپتىن قايتىش ۋاقتىدا ھېلىقى ئوغۇل بالا مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىشخانىسىنىڭ ئىشكىنى ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن قاقتى، ئىچىدىن كىرىش ئىجازىتى ئاڭلانغاندىن كېيىن ئاستا ئىشخانا ئىچىگە كىردى ـ دە، ئىشىك تۈۋىدە يەرگە قارىغىنىچە تۇردى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن ۋۇجۇدىدا مەكتەپ مۇدىرىنىڭ قانداق جازا بېرىشىگە نىسبەتەن خىلمۇ ـ خىل ۋەھىمىلەرنىڭ داۋالغۇۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى.
ـ ئىسمىڭ نېمە؟ ـ ئوغۇل بالا بىشنى كۆتۈرگىنىدە مۇدىرنىڭ ئۇنىڭغا تولىمۇ مۇلايىم ھالدا كۈلۈمسىرەپ تۇرغىنىنى كۆردى.

ـ ئادىل ... ـ بالا ، مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىپادىسىدىن تولىمۇ كۈتۈلمىگەن بىر نەتىجىنى ھېس قىلغاندەك قىلاتتى.
بالىنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرغان ئىش ئەمەلىيەتتە ئەمدى باشلانغان ئىدى. مەكتەپ مۇدىرى يانچۇقىدىن بىرتال كەمپۈتنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بەردى :
ـ بۇ كەمپۈت بىلەن سىنى مۇكاپاتلايمەن، چۈنكى سەن دەل ۋاقتىدا كەلدىڭ!
ئادىل مۇدىرتېخى كەمپۈتنى ئالا ـ ئالمايلا جىددىيلەشكىنىدىن قايتا ـ قايتا رەھمەت ئېيتىپ كەتتى، مۇدىر يانچۇقىدىن يەنە بىرتال كەمپۈتنى چىقىرىپ :
ـ بۇ ئىككىنچى مۇكاپات، چۈنكى مەن سىنىڭ باشقىلارنى ئۇرۇش قىلمىشىڭنى توسىغان ۋاقتىمدا سەن دەرھال ھەرىكىتىڭنى توختاتتىڭ، بۇ

سىنىڭ مېنى ھۆرمەتلىگەنلىكىڭنى چۈشەندۈردۇ.
ئادىل بۇ كۆتۈلمىگەن ئىشتىن نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇراتتى، ئۇنىڭغىچە مۇدىر يانچۇقىدىن ئۈچىنچى تال كەمپۈتنى چىقىرىپ ئۈلگۈردى :

- باياتىن مەن ئۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى ئېنىقلاپ باقتىم، سەن ئۇرماقچى بولغان ھېلىقى بالا ئەسلىدە باشقا بىر يۇۋاش ساۋاقداشنىڭ بوزەك قىلىپتىكەن ، دېمەك سەندە ھەقىقەت تۇيغۇسى بارئىكەن، شۇڭا بۇ كەمپۈت بىلەن مۇشۇ روھىڭنى مۇكاپاتلاي!

بۇچاغدا ئادىل ئۈچتال كەمپۈتنى چىڭ سىقىمدىغىنىچە ، پاڭگىدە ئېتىلىپ كەتتى :

- مۇدىر ، مەن خاتالاشتىم، گەرچە ئۇنىڭ باشقىلارنى بوزەك قىلىشى خاتا بولسىمۇ، بىراق

مەن ئۇنى ئۇرماسلىقىم كېرەكتى ...

مەكـــتەپ مـــۇدىرى ، ئادىلىنـــىڭ يىنىغـــا بىرىـــپ ئۇنـــىڭ ياشـــلىرىنى سـۈرتۈپ قويـــدى ۋە يانچۇقـــىدىن تۆتىنچى تال كەمپۈتنى چىقاردى:
- ســەن خاتـــالىقىڭنى تونىيالـــىدىڭ، بـــۇ ســېنىڭ ئـــۆز قىلمىشـــىڭغا ئـــىگە بولالايـــدىغان ھەقىقـــى بىـــر يېگـــىت ئىكەنلىكىڭنـــى ئىســـپاتلاپ تۇرۇپتـــۇ، شـــۇڭا بـــۇ كەمپـــۈت بىـــلەن مۇشـــۇ جاســـارىتىڭنى مۇكاپاتلايمەن. بولدى، ئۆيۈڭگە قايتقىن ...
ســىزچە مەكـــتەپ مۇدىرىنـــىڭ بـــۇ بالىغـــا قوللانغـــان تەربىـــيە ئۇســـۇلى توغرىمـــۇ ؟ قانـــداق ئويغـــا كەلدىڭىز؟
مەكـــتەپ مۇدىرىنـــىڭ بالىغـــا بەرگەن تـــۆت تـــال كەمپـــۈتىگە يوشـــۇرۇنغا تـــۆت تۈرلـــۈك پىســـخىكىلىق سىرنى تۆۋەندە يىشىپ ئۆتىمىز :

بىرىنچى كەمپۈت ـ تىنىچلاندۇرۇش كەمپۈتى

ھەرقانداق بالا يۇقۇرىقى ھېكايىدىكى ئادىلغا ئوخشاش مۇئەللىمنىڭ ياكى مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىشخانىسىغا چاقىرتىلسا جەزمەن قورقىدۇ، جىددىيلىشىدۇ چۈنكى كۆپىنچە ھالىلاردا جازالىنىدىغان بالىلار شۇنداق چاقىرتىلىدۇ. ھېكايىدىكى مەكتەپ مۇدىرى ئەكسىچە بالىنىڭ ۋاقتىدا ئىشخانىسىغا كەلگەنلىكىنى مۇكاپاتلاش ئارقىلىق ، بالىنىڭ قەلبىنى دەسلەپىدىلا مايىل قىلدى. بالىلارغا تەربىيە بېرىشتە ئاتا ـ ئانىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار مانا مۇشۇ بىرىنچى قەدەمدە كۆپىنچە خاتالىشىدۇ.

ئىككىنچى كەمپۈت ـ ئەخلاق كەمپۈتى

مەكتەپ مۇدىرى ئادىلغا ئەسلىدە باشقىلارنى

ئۇرۇشنىڭ خاتا قىلمىشلىقىنى ئۇدۇل ئېيتسىمۇ بولىۋېرەتتى، لېكىن ئۇنداق قىلمىدى. چۈنكى ئادىلمۇ باشقىلارنى ئۇرۇشنىڭ خاتالىقىنى ئەزەلدىن بىلىدۇ(ھەممە بالا شۇنداق). لېكىن مۇدىر ئادىلنىڭ ئۆزىنى ھۆرمەتلىگەنلىكىنى مۇكاپاتلاش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئۇنىڭدا ئوقۇتقۇچىنى ھۆرمەتلەشتەك بىر ئەخلاقنىڭ بارئىكەنلىكىنى ، ئەينى ۋاقىتتىكى قىلمىشىنى ئۇنىڭ ئۆزىدىكى ئەخلاقنىڭ توسۇپ قالغانلىقىدىن بىشارەت بەردى.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز چاتاقچى بالىلارغا تەربىيە بەرگەندە ئۇلارغا ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەسلىدە نۇرغۇن ماختاشقا ئەرزىيدىغان نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى ئۇستىلىق بىلەن ھېس قىلدۇرۇشىمىز ئىنتايىن مۇھىم. بالىلار ئۆزىدىكى گۆھەرلەرنى بايقىغاندا ئۆزىنى ھۆرمەتلەيدۇ، ئۆزىنى

ھۆرمەتلەشنى بىلگەندە ئۆزىنى تىزگىنلىيەلەيدۇ.

ئۈچىنچى كەمپۈت - رىغبەت كەمپۈتى

بۇ كەمپۈتنى بەرگەنلىكىنى كىشىنى ئەڭ قايىل قىلىشى كېرەك، چۈنكى مەكتەپ مۇدىرىنىڭ بۇ ئىشنى ئىنىقلىشى ۋە ئەسلى ماھىيەتنى تۇتقا قىلىپ بالىنىڭ ھەققانىيەت تۇيغۇسىغا مەدەت بېرىشى بىر ئوغۇل بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم مەناغا ئىگە. بالىلاردىكى مەسئۇلىيەت ۋە ھەققانىيەت ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشتە بىز مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى ئىگىلەش ئارقىلىق مۇۋاپىق تۈردە ئۇلارنىڭ شۇخىل تۇيغۇسىغا بولغان ھۆرمىتىمىزنى بىلدۈرۈشىمىز كېرەك. ئەلۋەتتە ھەل قىلىش چارىسىنى ئەقىل بىلەن بىرتەرەپ قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويىمىز.

## تۆتىنچى كەمپۈت ـ تەسەللىي كەمپۈتى

ئۈچىنچى كەمپۈتتە ئادىل ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى ئۆزى بايقىدى، ئۇنىڭ قەلبى ئىرىدى. تۆتىنچى كەمپۈتنىڭ بىرىلىشىمۇ تولىمۇ ئورۇنلۇق ، چۈنكى بىر بالا ئۆز خاتالىقىنى بايقىدى ۋە ئېتىراپ قىلدى بۇ خىل ئەھۋالدا جەزمەن ئۇنى مۇكاپاتلاش ئارقىلىق بۇخىل ھېسسىياتىنىڭ قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغانلىقىنى تونۇتۇش كېرەك.

بىز بالىلار خاتالىق سادىر قىلغاندا ئۇلارنىڭ خاتالىقىنى تونۇتۇشنى شۇنچىلىك ئۈمىد قىلىمىزيۇ، لېكىن خاتالىقنى تونۇتۇشقا جۈرئەت قىلغان بالىغا تۈزۈك ئىلھام بىرەلمەيمىز، بالىلارنىڭ خاتالىقنى بوينىغا ئېلىش جاسارىتى ئاسان يېتىلمەيدۇ، شۇڭا ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈش ئارقىلىق ، تەسەللىي بېرىش ئارقىلىق بۇخىل مەسئۇلىيەتچانلىقنى ئۇلارنىڭ

كېيىنكى قەدەملىرىنىڭ خاتالاشماسلىقى ئۈچۈن ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇشىمىز بەك مۇھىم .

# خاتا تاپشۇرۇپ ئېلىنغان IQ سىنىقى نەتىجىسى

**تاشپولات روزى ئەزىز تەرجىمىسى**

ئامېرىكىنىڭ يېڭى جېرسېي شتاتىدا تۇرۇشلۇق سام تاغىنىڭ ئوغلى كار بىلەن بومبا ساقال جەكىنىڭ ئوغلى كار تەڭلا پىسخىكىلىق سىناق مەركىزىگە باردى.
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئوخشاش بىر ۋاقىت ئىچىدە ئەقلىي بۆلۈنمە سىنىقىغا قاتناشتى، سىناق ئاياقلاشقاندىن كېيىن ، دوختۇر بىر مۇھىم ۋە

جىددىي ئىشنىڭ بارلىقىنى باھانە قىلىپ ئۇ ئىككەيلەننىڭ ئارىلىقتىكى بىركۈنى كىلىپ سىناق نەتىجىسىنى ئېلىپ كېتىشنى ئېيتتى.
ئۇلار تاپشۇرۇپ ئالغان سىناق نەتىجىسىدىكى ئەھۋال مۇنداق ئىدى : سام تاغىنىڭ ئوغلى كارىنىڭ ئېرىشكەن نەتىجىسى **80** بولۇپ، ئەقلىي بۆلۈنمىسى ئارانلا لاياقەتلىك بولغان، بومبا ساقال جەكىنىڭ ئوغلى كارىنىڭ بولسا **120** بولۇپ، ناھايىتى قالتىس دېيىشكە بولاتتى.

بۇ ئىشتىن كېيىن، سام تاغىنىڭ ئوغلى كار بىر ھەپتىگىچە ئۈچ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، ئۇ ئەسلىدە ئۆزىنى خىلىلا يۇقۇرى نومۇر ئالىمەن دەپ قارىغان بولۇپ ، تېخى سىناق نەتىجىسىنى دوستلىرىغا كۆرسىتىپ كۆز-كۆز قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانتى. بىراق بۇ

نەتىجە ...؟

سام تاغا ، ئوغلىنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭغا : ئوغلۇم، بۇ دۇنيادىكى ئىشلار ھەرگىزمۇ ئۇنچىۋالا يۇقۇرى ئەقلى ئىقتىدارغا ئېھتىياجلىق ئەمەس - دەپ تەسەللىي بەردى.

سام تاغا ، بىر ياغاچچى بولۇپ، ئۇ ئوغلى كارلغا ئېيتقان نەزەرىيىسىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، كارلىنىڭ ئىشەنچىسىنى يېتىلدۈرۈشنى ئويلاشتى. ئۇ بىر ئىتايىن مۇرەككەپ قۇرۇلمىلىق پاراخۇت مودىلىنى ياساپ چىقىپ، قۇرۇلمىنى بىردىن-بىردىن ئاجرىتىپ كارلغا كۆرسەتتى : قارا، پاراخۇت مۇشۇنداق مۇرەككەپ، خىلى تالانتلىقلارمۇ ياسىيالمايدۇ. بىراق سەن ئۇنىڭ نەچچە يۈزلىگەن كىچىك بۆلەكلىرىدىن

تـۆزۆلگەنلكنى ،قەدەم باسـقۇچلرىنى تەھلـل قلساڭ ئەمەلىيەتـتە ئاسـان ئىكەنلكنـى بلسـەن. كـــارل ئۇنـــڭ كۆرسەتمســـدىكى قەدەم باسـقۇچلرى بـويىچە بـر دانە پـاراخۇت مـودىلنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قۇراشتۇرۇپ چىقتى.

شـۇ ئىشـتىن كېيىن كارلنـڭ ئـۆزگە بولغـان ئىشەنچىسـى ھەسسـلەپ ئاشـتى ۋە پاراخۇتقـا نىسبەتەن ئاجايىـپ بـر ئىشـتىياق پەيـدا بولـدى. ئـۇ ئىشـتىن سـرتقى بـوش ۋاقتلرىـدىن پايـدىلنىپ خىلـى كـۆپ پـاراخۇت مـودىلى ياسـاپ چىقتـى، ھەتتـا ئـۇ دادىسـنىڭ خىلـى كـۆپ چـارىلرىنى ئىسـلاھ قىلـۋەتتى. ئـۇ ھەر قىتىملىـق پـــاراخۇت مـــودىلى ياســـاش مۇســـابىقىلرىگە قاتنىشـش ئـارقىلىق ، ئاخىرىـدا بـر نەپەر پاراخۇت ئىنژىنىرى بولۇپ يېتىشىپ چىقتى.

ھەرقېتىم ئەقلىي بۆلۈمنىڭ گېپى بولۇنغاندا ، ئۇ ئۆزىنىڭ **80** نومۇرلۇق سىناق نەتىجىسىنى مىسال قىلىپ : قاراڭلار، يېگىتلەر ، مەن چىغىمدا قىلالىغان ئىشنى سىلەر ئەلۋەتتە قىلالايسىلەر- دەيتى. بۇ چاغدا ئۇ مەمنۇنىيەتكە چۆمەتتى، بۇ مەمنۇنىيەتنى ئۇنىڭ ئاران **80** نومۇرلۇق نەتىجىگە ئېرىشكەن ئەقلىي ئىقتىدار بۆلۈمىسى بەرگەن ئىدى.

بىركۈنى، سام تاغىدىن بۇ ئىشلار ھەققىدىكى بايانلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، يەنە بىر پىسخىكا دوختۇرى كارلىنىڭ ئەقلىي بۆلۈمىسىنى قايتا سىناپ بېقىۋىدى ، نەتىجىسى **120**نومۇر بولۇپ چىقتى!
بۇ زادى نېمە ئىش ؟ شۇنىڭ بىلەن بۇ دوختۇر كارلنى باشتا تەكشۈرگەن ھېلىقى دوختۇر بىلەن

ئالاقىلىشىپ : سىز جەزمەن ئىككى كارلىنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ئالماشتۇرۇپ بېرىپ قويۇپسىز ـ ! دەپ سەگىتىپ قويدى.

ئۇنداقتا، ئاۋۇ بومبا ساقاللىق جەكنىڭ ئوغلى كارلچۇ ؟ ئۇنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالى قانداق بولغاندۇ؟
ئۇنىڭ ئىشلىرى تېخىمۇ ھەيران قالارلىق بولدى. ئۇ ھازىر بىر ئاتاقلىق رەسسام بولۇپ، ئۆزىنىڭ تالانتىدىن مەمنۇنلۇق ئىلكىدە ياشاۋاتقان ئىدى. ئۇ كىچىك ۋاقتىدا ئۆزى بولغان ئىشەنچى پەقەتلا يوق ، دائىم ئۆزىنىڭ دۆتلۈكىدىن ئاغرىنىپ يۈرۈيدىغان بالا بولۇپ، دادىسى ئۇنىڭ ئەقلى بۆلۈنمىسىنىڭ تۆۋەنلىكىگە قايىل بولماي ئۇنى ئەقلى بۆلۈنمە سىنىقى تەكشۈرۈشىگە ئەۋەتكەن ، ئەينى ۋاقىتتا

ئوغلىنىڭ 120 نومۇر ئالغان خۇشخەۋىرىنى ، ئۇ ناھايىتى خۇشال بولغان ، كارلمۇ قايىتىدىن قەددىنى رۇسلاپ بارلىق ئىشلارنى ياخشى قىلىشقا كىرىشكەن . شۇنىڭ بىلەن كارل ئۆزى ياخشى كۆرۈدىغان رەسىم سىزىشنى قەتئىيلىك بىلەن ئۇزۇن يىل داۋاملاشتۇردى ۋە ئاخىرى ئاز-تولا نامى چىققان رەسسامغا ئايلاندى.

ناۋادا ئىككى كارل ئەينى ۋاقىتتا سىناق نەتىجىسىنى خاتا ئېلىۋالمىغان بولسىچۇ ؟ ئۇنداقتا، سام تاغىنىڭ ئوغلى كارل ئۆزىنىڭ ئەقلىي بۆلۈنمىسىنىڭ ناھايىتى يۇقۇرىلىقىدىن مەنمەنچىلىكى ئىشىپ، بىرمۇنچە ئەگرى-توقاي يوللارنى باسقان، بومبا ساقال جەكىنىڭ ئوغلى كارل بولسا ، ھەتتا رەسىم سىزىش كۇرسىغا قاتناشقۇدەك ئىشەنچىدىنمۇ ئايرىلىپ قىلىشى مۇمكىن مۇمكىنچىلىكتىن يىراق ئەمەستى.

ئەقلىي بۆلۈنمە (IQ) مۇھىم، لېكىن ھېسسىي بۆلۈنمە (EQ)گە تېخىمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ؛ شۇنداق ھېسسىي بۆلۈنمە مۇھىم، لېكىن يەنە ئوڭۇشسىزلىق بۆلۈنمىسى(ئوڭۇشسىزلىقتىن ھالقىش ئىقتىدارى AQ) گىمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ.........لېكىن بۇلارغا قارىغاندا ئەڭ مۇھىمى شۇكى ئۆزىگە تايانغان تىرىشچانلىقتۇر.

# قۇلۇللەرنىڭ ئەلئېھرامنىڭ چوققىسىغا چىقىشى

## تاشپولات روزى ئەزىز

بۇرۇن بىر ھېكايە تارقالغان. بىر ئارخېئولوگىيە ئەترىتى ئەڭ ئېگىز ئەلئېھرامنى تىكئۇچار ئايروپىلان بىلەن تەكشۈرۈۋاتقاندا ئۇنىڭ چوققىسىدىكى بۈركۈتلەرنى كۆرگەن، ئۇلار بۇ مەنزىرىدىن ھەيران بولۇپ تۇرغىنىدا ، ئۇلارغا تېخىمۇ قالتىس بىر مەنزىرە زاھىر بولغان ، ئۇلار ئەلئېھرام چوققىسىدا نۇرغۇن قۇلۇلە

قاپلىرىنى كۆرگەن. ئۇلار دەسلەپتە بەلكىم ئۇلارنى ئاشۇ بۈركۈتلەر ئېلىپ چىقىپ يېگەن بولۇشى مۇمكىن دېگەن يەكۈننى چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن قۇلۇلە قاپلىرىنىڭ ساپمۇ-ساق تۇرغانلىقى ئۇلارنىڭ خاتالاشقانلىقىنى ئىسپاتلىغان. شۇنىڭدىن كېيىن قۇلۇلە بىلەن بۈركۈتنىڭ ئەلئېھرام چوققىسىغا چىقىشى سېلىشتۇرۇلۇپ، قۇشلار ئەركىسى بۈركۈت يېتەلىگەن بۈيۈك نىشانغا، جانىدارلارنىڭ ئەڭ ئەزمىسى بولغان قۇلۇلىنىڭ يېتەلىشىنى «مۆجىزە» ياراتقانلىق دەپ تەرىپلىگەن ئىلھام بېشارەتلىرى بارلىققا كەلگەن.

بۈرۈندىن-ھازىرغىچە، كىشىلەرنىڭ ئادەتلەنگەن نەزىرىدىكى كۈچلۈكلەر ۋە ئەۋزەللەر يەتكەن نىشانغا ئاجىزلارنىڭ يېتەلىشىدىن

ئىبـــارەت نەتىجىـــگە «مـــۆجىزە» قـــالپىقى كىيدۈرۈلدى، ئەمەلىيەتتە بۇ بىر خاتالىق.

بىرىنچـــى قۇلۇلىنىـــڭ ئەلئىبراھىمنىـــڭ چوققىســـىغا چىقالىغـــانلىقى ئەينـــى ۋاقىتتـــا باشـــقا قۇلـــۇللەر ئۈچـــۈن مـــۆجىزە ياراتقـــانلىق بولـــۇپ تۇيۇلـــدى، چـــۈنكى ئـــۇ ئىشـــنى بـــۇرۇن ھېچقايســـى قۇلـــۇلە سىناپ باقمىغان.
لـــېكىن ، ئىككىنچـــى، ئـــۈچىنچى، تـــۆتىنچى، بەشـــــىنچى .....توقســـــــان توققـــــۇزىنچى قۇلۇللەرنىـــڭ ئاشـــۇ بىرىنچـــى قېـــتىم تەۋەككـــۈل قىلغـــان قۇلۇلىنىـــڭ ئىلھـــامى بىـــلەن ئەلئىبراھىمنىـــڭ چوققىســـىغا چىقىشـــقا ئۇرۇنـــۇپ مـــۇۋەپپەقىيەت قازىنىشـــىدىن كېـــيىن ، ئەلئىبراھىمنىـــڭ چوققىســـىغا چىقىـــش بـــارلىق قۇلـــۇللەر ئۈچـــۈن ئادەتتىكـــى ئىش بولۇپ قالدى ۋە ئۇنىڭ «مۆجىزە»لىك سۈرىتى يوقاتقان بولدى.

چۈنكى ئۇلار تەكرار ـ تەكرار ئۇرۇنۇش، تەكرار ـ تەكرار ئىسپاتلاشلار ئارقىلىق بۇ ئىشنىڭ ئەسلىدە ئۆزلىرى قىلالايدىغان ئىش ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ.

بۈركۈت قونغان چوققىغا قۇلۇلىنىڭ يامىشىپ چىقىشى ھەققەتەن قېيىن، لېكىن ئۇنىڭ نەتىجىسىگە «مۆجىزە» قالپىقىنى كىيدۈرۈپ قويۇش باشقا قۇلۇللەرنىڭ چوققىغا يامىشىش ئارزۇسىغا توسالغۇ بولۇش قىلىشى مۇمكىن.

ئۇنداقتا مۆجىزە يارىتىش دېگەن نېمە؟

مېنىڭچە ئۇ ئەسلىدە ئىنسانلارنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئېنېرگىيەلىرىنى بايقاش ۋە ئۇنى سەرپ قىلىپ، يۇقىرى چەككە جەڭ ئېلان

قىلىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلۇق نەتىجىسى.

قۇلۇللەر ئەسلىدىنلا ئەلئىبراھىمنىڭ چوققىسىغا چىقالايتى، شۇڭا چىقالىدى. بۇ ئاتالمىش مۆجىزە ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى بايقاش، ئۆزىنى جارى قىلدۇرۇش. بۇ قاندىقتۇر تاشپاقىنىڭ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە توشقاننى يېڭىۋېلىشىدەك تاسادىپىيلىققا ئوخشىمايدۇ.

بىز ھەممىمىز ئاجىز ۋە تولىمۇ ئاستا ھەرىكەت قىلىدىغان قۇلۇللەر بولۇشىمىز مۇمكىن، بىزنىڭ سۈرئىتىمىز مەڭگۈ ئۆزگەرمەسلىكى، بىزگە مەڭگۈ بۆركۈتنىڭكىدەك كۈچلۈك بىرجۈپ قانات چىقىپ قالماسلىقى مۇمكىن،لېكىن بىز چوققىغا يامىشالايمىز...شۇڭا توختاپ قالمايلى .

# نېمشقا باللاردا قان راكى ئاۋۇپ كەتتى

## تاشپولات روزى ئەزىز تەرجىمىسى

بۇرۇنلاردا ئانچە ـ مۇنچە ئاڭلاپ قالىدىغان بىرقىسىم مۇدھىش كېسەللىكلەر ،ھازىر ئاستا ـ ئاستا ئەتراپىمىزدىلا پەيدا بولۇشقا باشلىدى. نۆۋەتتە ئاق قان كېسەللىكى( قان راكى) گە گىرىپتار بولغۇچىلار سانى كۆنسىرى ئاۋۇماقتا ، بولۇپمۇ كىشىنى ئەڭ شۈركەندۈرىدىغىنى مەزكۇر كېسەللىككە مۇپتىلا بولغۇچىلار توپىدا

بالىلارنىڭ ئىگىلگەن نىسبىتى يۇقىرى بولماقتا. ھەممەيلەنگە ئايانكى، ئاق قان كېسەللىكىنىڭ ئۆلۈم خەۋپى يۇقىرى، بىمارلارنىڭ بۇنىڭدىن قۇتۇلۇش نىسبىتى بەك ئاز. كۆپ قىسىم ئاق كېسەللىكى بىمارلىرى دىياگنوز قويۇلغان ۋاقىتتا ئاللاقاچان بىرمۇنچە كېسەللىك مۇساپىسىنى بېسىپ بولغان بولىدۇ، پەقەت شۇ ۋاقىتتىچە روشەن كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلمىگەن يېرى بار. ناۋادا ئاق قان كېسەلنى ئۇزۇن ۋاقىت داۋالاش ئېلىپ بېرىلمىسا ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپ چىقىش ئېھتىماللىقى ئىنتايىن يۇقىرى.

قىسقىسى، ئاق قان كېسەلى ھازىر بىزگە ناتونۇش ئەمەس، ئاق قان كېسەلگە گىرىپتار بولغاندىن كېيىن ئەڭ كۆپ قوللىنىدىغان داۋالاش ئۇسۇلى بولسا يىلىك ئالماشتۇرۇشتۇر.

تاشپولات روزى ئەزىزدىن : بۇ يەردە داۋالاش ئۇسۇلىنى مۇشۇنداقلا تىلغا ئېلىش ئاسان، لېكىن يىلىك ئالماشتۇرۇش - دېمەك بىرئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا تەسەۋۋۇردىمىزدىكىدىنمۇ قېيىن ۋۇجۇدقا چىقىدىغان بىر ئىش! ماس كېلىدىغان يىلىك تېپىشتىن تاشقىرى داۋالىنىش خىراجىتىچۇ ؟! ئەتىراپىمىزدا شۇ سەۋەبلىك ۋەيران بولغان ئائىلىلەرنى ، تورلاردا ئۇچۇپ يۈرگەن مۇراجىئەتنامىلەرنى ئۇنتۇپ قالمايلى . . .

ئۆز گېپىمىزگە قايتىپ كەلسەك، بىز ئاتا-ئانا بولۇش سالاھىيىتىمىز بىلەن جەزمەن ئاق قان كېسەللىكىگە ئائىت بىرقىسىم بىلىملەرنى ئىگىلەپ قويۇشىمىز كېرەك .

ئاق قان كېسىلىنىڭ ئالدىن سىگناللىرى : قىزىش ، ھارغىنلىق، بۇرنى قاناش، چىش مىلىكى

قاناش، ھەيز زىيادە كۆپ كېلىش، بوغۇملاش ئاغرىش، تىرە شىللىق پەردە كۆك داغلىرى پەيدا بولۇش ۋە لىمفا ئىششىش قاتارلىقلار. بۇخىل دەسلەپكى ئالامەتلەر كۆرۈلگەندە پەقەت ئادەتتىكى بىرقېتىملىق قان تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭغا دىياگنوز قويدۇرغىلى بولىدۇ. ناۋادا بەختكە قارشى ئاق قان كېسىلى بولغانلىق دىياگنوزى قويۇلسا ،دەسلەپكە مەزگىلىدىلا دەرھال داۋالاشنى باشلىغاندا« ئاز كۈچ بىلەن كۆپ ئىش قىلماق» مەقسىتىگە يېتىپ، ئاقىۋەتنى خىلى يەڭگىللەتكىلى بولىدۇ. بۇنداق دېيىشىمىزدىكى سەۋەب، ئاق قان كېسىلىنىڭ سەۋەبى نۆۋەتتە تېخى تەل - تۆكۈس ئايدىڭ ئەمەس، بىز پەقەت ئالدىن مۇناسىۋەتلىك مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ بۇخىل كېسەلگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتىمىزنى

تۆۋەن چەككە چۈشۈرەلەيمىز.

تۆۋەندە ئاق قان كېسەللىكى ئالدىنى ئېلىشقا مۇناسىۋەتلىك بىرقىسىم پەرھىزلەرنى قىسقىچە ئوتتۇرىغا قويىمىز، ئەلۋەتتە بۇ چوڭ-كىچىك ھەممەيلەنگە پايدىلىق.

بىرىنچى. باللارغا تۈرلۈك تەييار ئىچىملىكلەرنى ئىچكۈزمەسلىك كېرەك.

ھازىرقى شارائىت ئەۋزەللىكىدە نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار باللارنىڭ تۈرلۈك تەلەپلىرىنى ئامالنىڭ بارىچە قاندۇرۇشنى باللارغا كۆيۈنۈش ئۆلچىمى قىلىۋالغان. كۆپىنچە باللار نېمىشقا ئاسانلا بۇخىل كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولىدۇ، چۈنكى ھازىر كۆپ ساندىكى ئاتا-ئانىلار قايناقسۇ ئىچىشتىن ئۆزى زىرىككەننى ئازدەپ، باللارغىمۇ ئوزۇقلۇق قىممىتى يوق دەپ قاراپ، باللارغا تۈرلۈك ئىچىملىكلەرنى ئىچكۈزۈش ئادىتىنى

يېتىلدۈرۈۋالىدى. ئەلۋەتتە، بۇخىل ئىچىملىكلەرنىڭ زىيىنىنى بۇيەردە سۆزلىسەك ئايرىم بىر تېما بولۇپ كېتىشى ئېنىق، بىر ئېغىز گەپ : بالىڭىزغا رەڭلىك ئىچىملىكلەرنى ئىچكۈزمەڭ.

ئىككىنچى. ئوزۇقلاندۇرۇش قانۇنىيەتلىك بولۇش كېرەك.

يېڭى كۆكتات ۋە مېۋە-چېۋىلەرنى جەزمەن ئىستېمال قىلدۇرۇش، ياغدا قورۇلغان، پىشۇرۇلغان يېمەكلىكلەرنى ئامال بار ئاز يېگۈزۈش ،تۇزغا چىلانغان، كاۋاپ قىلىنغان يېمەكلىكلەرنى ئىنتايىن ئاز مىقداردا ئىستېمال قىلىش ، بولسا ئىستېمال قىلماسلىق كېرەك. بىرقىسىم تەتقىقاتلارغا قارىغاندا ھەرھەپتىدە بىرقانچە تال ماندارىن ۋە بانان ئىستېمال

قىلغاندا ئاق قان كېسەلگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتىنى يىرىم ھەسسە تۆۋەنلەتكىلى بولىدىكەن. چوڭلار تاماكا چەكمەسلىك، ھاراقنى ئاز ئىستېمال قىلىش، بازاردىن سېتىۋالغان كۆكتات، مېۋە-چېۋىلەرنى قايتا-قايتا يۇيۇپ ئادالاش دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ يۇقۇندىسىنى قالدۇرماسلىق كېرەك.

ئۈچىنچى. مۇۋاپىق ھالدا چېنىقىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك

ھەركۈنى قانۇنىيەتلىك تۈردە چېنىقىش، يۈگۈرۈش ، توپ تۈرلىرىنى ئويناش، سۇ ئۈزۈش . .قاتارلىقلار ئادەم تىنىنىڭ ھەرقايسى ئورگانىزىملىرىنىڭ ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدۇ، كەيپىياتنى تەڭشەپ، خارەكتىرنى ياخشىلايدۇ، چوڭلارئادەتلىنىش ئاساسىدا باللارغا ئادەتلەندۈرۈش كېسەللىككە قارشى تۇرۇش

كۆچىنى ئاشۇرۇپ، سۆڭەك، مۇسكۇل ، بوغۇم ۋە سىڭىرلارنىڭ ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلىشىگە پايدىلىقتۇر.

تۆتىنچى. خىمىيۋى ماددىلار بىلەن ئاز ئۇچرىشىش كېرەك

فورمالدېگىد،لاك، بېنزول،فېنول ...قاتارلىق زەھەرلىك خىمىيۋى ماددىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئاق قان كېسەلنى پەيدا قىلىدىغان قاتىللاردۇر. ئۆي بېزەشتىن كېيىن شامال ئۆتۈشتۈرۈشكە جەزمەن ئەھمىيەت بېرىش،ئالدىراپ ـ تېنەپ ھاملىدار ئايال ۋە كىچىك بالىلارنىڭ يېڭى بېزەلگەن ئۆيدە تۇرغۇزۇشتىن ساقلىنىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا

乙双吗琳(**Bimolane**)، خلورامفېنىكول

(氯霉素) دېگەندەك ھۆجەيرە زەھىرى
تۆرىدىكى راكقا قارشى دورىلارنىمۇ جەزمەن
دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىشلىتىش
كېرەك. ھەممە ئادەم گۈزەللىكنى سۆيىدۇ،
لېكىن بىرقىسىم ئادەتلىرىمىز ھۆسنىمىزنى گۈزەل
قىلغان بىلەن جىسمىمىزنى كېسەل قىلىدۇ.
مەسىلەن؛ دائىم چېچىنى بويايدىغانلار دىققەت
قىلىشى كېرەك، چۈنكى بۇنىڭ زىيانلىق
ئىكەنلىكى ئاللاقاچان ئىسپاتلىنىپ بولغان.
بەشىنچى .ئامالنىڭ بارىچە رادىئاتسىيەدىن
يىراق تۇرۇش كېرەك.
گەپنى مۇنداقلا مىسال بىلەن باشلايلى: ناۋادا
يېڭى سېتىۋالماقچى بولغان ئۆيىڭىزنىڭ يېنىدا
يۇقۇرى بېسىملىق توك لىنىيىسى بولسا، بۇ
ئۆينى سېتىۋېلىشتىن ۋاز كېچىڭ. ئاھالىلەر
رايونى جەزمەن ئېلېكتروماگنىت مەيدانى ۋە

يۇقۇرى بېسىملىق ئېلېكتىر لېنىيىسىدىن يىراق بولۇشى كېرەك.
ناۋادا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ خىزمەت مۇھىتىدا رادىئاتسىيەگە ئۇچراش نىسبىتى يۇقۇرى بولسا ، بالىلارنىڭ ئاق قان كېسىلگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى يۇقۇرى بولىدۇ. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار مۇداپىئە چارىلىرىنى ياخشى قىلىشى، ئائىلىدە ۋە خىزمەت مۇھىتىدا رادىئاتسىيىدىن ساقلىنىشى كېرەك.

ئەڭ ئاخىرىدا ئاتا ـ ئانىلارغا ئەسكەرتىدىغىنىمىز :
نۆۋەتتە بالىلار ئاق قان كېسىلگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى يۇقۇرى توپ ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى بالىلارنىڭ كېسەلگە قارشى تۇرۇش كۈچى ئاجىز، شۇڭا بالىلارنى داۋاملىق ۋە قانۇنىيەتلىك تۈردە سىرتلاردا ھەرىكەت

قىلدۇرۇش، يېمەك - ئىچمەك ئادىتىنى ئەلالاشتۇرۇش، باللارنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىنى بۇلغىنىشتىن ساقلاش قاتارلىق ساغلام تۇرمۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش ۋە داۋاملاشتۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم.

شۇنى چۈشىنىشىمىز ئەقەللىيكى باللارنىڭ ساغلام بولۇشى بىز ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ئىش، شۇڭا بىپەرۋالىقىمىز، باھانىلىرىمىز ۋە بىلمەسلىكىمىز تۈپەيلى باللارغا كۆتۈلمىگەن ئازابلارنى ئېلىپ كېلىشتىن ساقلىنايلى.

# ئامېرىكىدا يۈتكەن بالىلارنىڭ تېپىلىش نىسبىتى نېمە ئۈچۈن شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ؟

ئاپتورى : لەن لەنىنىڭ ئانىسى (تورنامى)
تەرجىمە قىلغۇچى : تاشپولات روزى ئەزىز

بۇ بىرقانچە كۈندىن بېرى دوستلار چەمبىرەكلىرىنى بىرپارچە « جۇڭگولۇق بالىلارنىڭ ئالداپ سېتىۋېتىلىشىنىڭ ھەقىقى ئەھۋالى » ناملىق ھۆججەتلىك فىلىم قاپلاپ كەتتى. ئىككى بالىنىڭ ئانىسى بولغان مەن ،

ھەرقىپــتىم مۇشــۇنداق ئۇچــۇرلارنى كۆرگۈنۈمــدە يۈرۈكۈمنى ئەنسىزلىك قاپلايدۇ.
پەرزەنــت بىــر ئائىلىنىــڭ بەخــت بــۇلىقى، نــاۋادا مەلــۇم ئائىلــدە مۇشــۇنداق پــاجىئە يۈزبەرســە ، مەن بــۇ ئائىلــدىكى ئاتــا ـ ئانىنىــڭ كېيىنكــى ئۆمۈرىنىــڭ قانــداق ئۆتۈشــنى راســتىنلا تەســەۋۋۇر قىلىشــتىن قــورقىمەن، ئەشــۇ ئالــداپ كېــتىلگەن بالىلارنىــڭ كېيىنكــى تەقدىرىــدىن تېخىمــۇ شــۇنداق ...
ئامېرىكــدا ، يۈتــۈپ كەتــكەن بالىلارنىــڭ تېپىلىش نىســبىتى 97.7% ، جۇڭگــودا بولســا ئــاران 0.1% بۇنچە زور پەرق نەدىن كەلگەن؟
مەنــچە بۇنىــڭ بىــر مــۇھىم ســەۋەبى ئامېرىكــدا (ئــــامبېر ســــــىگنالى) AMBER Alert ۋە Adamسىستېمىســـى (يــۈتكەن بــالىلار بىخەتەرلىــك سىستېمىســى) دىــن ئىبــارەت كۈچلــۈك ئاپاراتىنىــڭ

يولغا قويۇلغانلىقىدا دەپ قارايمەن. بۇگۈن مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن شاھىد بولغان ئىشلارغا ئاساسەن بۇئىككى سىستېما ھەققىدە ئورتاقلاشماقچىمەن، مەن ئۆز نۆۋىتىدە يەنە جۇڭگودىمۇ مۇشۇنداق بىخەتەرلىك سىستېمىسىنىڭ پاتراق ۋۇجۇدقا چىقىپ، يۈتكەن باللارنىڭ تېپىلىش نىسبىتىدە ئامېرىكىنىڭ سەۋىيىسىگە يېتىشىنى چاقىرىق قىلىمەن!

ئامېرىكىدا ، باللارنىڭ تۇتۇپ كېتىلىش (ئالداپ كېتىلىش) ۋەقەسى يۈزبەرگەنلىكى جەزىملەنگەن ھامان تورلۇك مېدىيالارئارقىلىق پۈتكۈل جەمئىيەتتىكى ئاۋامغا بۇ ئىش ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش ئۇقتۇرۇشى تارقىتىدىغان سىستېما بولۇپ، ئۇ **AMBER Alert** (ئامېر سىگنالى) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ تولۇق نامى :

**America's Missing: Broadcasting**

**ئامېرىكا : بۇ Emergency Response يۈتكەنلەرنى ئىزدەش تېز ئىنكاسلىق ئاڭلىتىشى دېگەن مەنىدە. بۇ سىستېمىنىڭ نامىغا ، 1996 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ تېكساس شىتاتى ئارلىڭتوندىكى تۇتۇپ كېتىلگەن 9 ياشلىق قىزچاق ئامبېر ھاگېرمەن ( Amber Hagerman)نىڭ ئىسمى قويۇلغان.**

**ئامېرىكىدا شۇنداق ۋەقە يۈز بېرىپ جەزملىنىشى بىلەن ئەتراپتىكى رايونلار ئامبېر سىگنالى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. بۇ سىگنال بىرىنچى ۋاقىتتا ساقچى تەرەپتىن رادىيو ئىستانسىسى ۋە سۈئىي ھەمراھ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ۋە ئېلېكترونلۇق يوللانما، سىمسىز ئالاقە ئۈسكۈنىلىرى ئۇچۇرى قاتارلىقلارغا بىرلا ۋاقىتتا ئۇچۇر يوللىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئوخشاش بىر ۋاقىتتا ئىنتېرنېتتا يۈتكەن بالىنىڭ سۈرىتى ،گۇماندارنىڭ سۈرىتى**

، ماشىنا نۇمۇرى، رەڭگى ، ماشىنا تىپى قاتارلىق ئۇچۇرلار ئاشكارىلىنىدۇ.







مەنمۇ ئامېرىكىدىكى ۋاقتىمدا مۇشۇنداق ئامبېر ئۇچۇرى تاپشۇرۇپ ئالغان ئىدىم.

ئىسىمدە قىلىشچە ئەينى ۋاقىت بىر چۈش مەزگىلى ئىدى، توساتتىن يانفونۇم بىرتۈرلۈك ئەنسىز سىگنال چىقاردى ۋە بىرقانچە قېتىم ئۈزۈكسىز داۋاملاشتى، بۇ سىگنال يانفونۇمدىكى ھېچبىر سىگنال ئاۋازى بىلەن ئوخشىمايتى. بىرئازدىن كېيىن شىركەتتىكى ھەممەيلەننىڭ يانفونلىرى شۇنداق ئەنسىز ئاۋاز چىقاردى. مەن خۇددى تاشقى پىلانىت ئادەملىرى ھۇجۇم قىلغانمىدۇ دېگەندەك بىرخىل جىددىيچىلىكتە ئالدىراش يانفون ئېكرانىغا قارىدىم. تاپشۇرۇپ ئالغان ئۇچۇرۇم تۆۋەندىكىدەك جىددىي ئەسكەرتىش ئىكەن :




شۇنىڭ بىلەن دەرھال تورنى ئاقتۇرسام ، توردا تارقىتىلغان ماس قەدەملىك باش خەۋەرنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە ئىكەن :

## Jayden Santiago



**Age now**: 1-year old
**Sex**: Male
**Skin**: Hispanic
**Hair**: Black
**Eyes**: Brown
**Height**: 24 inches
**Weight**: 26 pounds
**Description**: Last seen wearing a light brown and green sweater, green and brown onesie with stripes and black and white Nike Shoes.

مۇناسىۋەتلىك خەۋەرنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىقتىم، ئەسلىدە بۇ بالىنى ئۆز دادىسى بۇرۇنقى

ئايالىنىڭ يېنىدىن قانۇنسىز ھالدا مەجبۇرى ئېلىپ كەتكەن ئىكەن. بۇئىش جۇڭگودا يۈزبەرگەن بولسىچۇ؟ مۆلچەرىمچە بۇ ھەق تەلەپ ماجىراسىغا تەۋە ئىش بولۇپ، سىز بۇنى ساقچىغا مەلۇم قىلسىڭىز ساقچىخانا بەلكىم بۇ ئائىلىنىڭ ئىچكى ئىشىكەن دېيىش مۇمكىنچىلىكى چوڭ. بىراق ئامېرىكىدا بولسا، بۇ دىلو ساقچى تەرەپتىن قوبۇل قىلىنىپلا قالماي ، 100كىلومېتىر دائىرىدىكى بارلىق كىشىلەر بۇ ئۇچۇرنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ھەتتا يېڭىلا ئامېرىكىغا ساياھەتكە كەلگەن بىر دوستۇمۇ بۇ ئۇچۇرنى تاپشۇرۇپ ئالغان. يول بويى قاتار تىزىلغان يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول كۆرسەتمە ئېكرانلىرى، سودا ـ ئېلان قاناللىرى، سۈنئىي ھەمراھ تېلېۋىزىيە قاناللىرى، سىمسىز ۋە سىملىق تېلېۋىزىيە قاناللىرى، ئىشقىلىپ سىز

بىلىدىغان ياكى بىلمەيدىغان تۈرلۈك تارقىتىش ۋاستىلىرىدە بىر ئۇچۇر بىرلا ۋاقىتتا تارقىتىلىدۇ. ئۇچۇردا: تۇتقۇن قىلىنغۇچىنىڭ تەپسىلاتى، تۇتقۇن قىلغۇچىنىڭ تەپسىلاتى ، جىنايى قىلمىشقا ئىشلىتىلگەن ئاپتوموبىلنىڭ تەپسىلاتى قاتارلىق ئىز ـ دېرەك يىپ ئۇچلىرى بولىدۇ.
ئامېرىكىلىقلارنى كىچىك ئىشنى چوڭايتىدىكەن دەپ قالماڭ، مەنچە مۇشۇنداق بىر مۇكەممەل سىستېما بولغاندىلا ئاندىن پەرزەنتى يوقىتىلىدىكەن ئائىلىلەرنىڭ پىشانىسى كاجلىقتىن خالاس بولىدۇ. ئامېرىكىدا يوقىتىلغان بالىلارنىڭ تېپىلىش نىسبىتى 97.7% ، ئەمما جۇڭگودا ئاران 0.1% ، ئەگەر جۇڭگودىمۇ مۇشۇنداق سىستېما بارلىققا كەلگەن بولسا ، قانچىلىغان نارسىدىلەرنىڭ ، قانچىلىغان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ يۈرىكى لەختە بولۇشتىن خالاس بولارئىدى ـ

ھە!؟




يەنە بىر قېتىم مەن يولۇققان مۇشۇ خىلدىكى ۋەقەدە، مەن پۈتكۈل ئامېرىكىدىكى تاللا بازىرى، سودا سارايلىرى، دوختۇرخانا، مۇزىي قاتارلىق ئاممۋىي سورۇنلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان Adam سىستېمىسىنىڭ كارامىتىدىن بىۋاستە تەسىراتقا ئىگە بولدۇم.

ئىسمىدە ئىنىق تۇرۇپتۇ، ئەينى ۋاقىتتا 3 ـ

قەۋەتكە ئورۇنلاشقان چوڭ سودابازىرىنىڭ ئىچى تۇيۇقسىز ياغرىغان ساقچى سىگنالى بىلەن قاپلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە سودا سارىيىنىڭ بارلىق ئېغىزلىرى تاقالدى ۋە بەش مىنۇتتىن كېيىن ئىككى ساقچى ماشىنىسى چوڭ ئىشىك ئالدىنى توسۇپ، تولۇق قوراللانغان ئون نەپەردىن ئارتۇق ساقچى كىرىپ كەلدى. بۇ كۆرۈنۈشنى بىز پەقەت ھوللىۋۇدنىڭ كىنولىرىدىنلا كۆرگەن بولۇشىمىز مۇمكىن. ئەينى ۋاقىتتا راستىنلا يىغلىۋەتكىلى تاس قالغان ئىدىم. بىردىنلا سودا سارىيىدىكى رادىيو قانىلى ۋە چوڭ ئېكرانلىق تېلېۋىزوردا يۈتكەن بالىنىڭ ئۇچۇرلىرى كۆرسىتىلىشكە باشلىدى، مەن شۇندىلا ئەسلىدە بىر بالىنىڭ مۇشۇ سودا سارىيىدا يۈتۈپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ ھەيران قالدىم. ساقچىلار بارلىق چىقىش

ئېغىزلىرىنىڭ تاقالغانلىقىنى جەزىم قىلغاندىن كېيىن سوداساراي ئىچىنى سىرىپ تەكشۈرۈشكە باشلىدى. بۇ خىل ئەتراپلىق قامالدا بالا ئوغرىسى چىۋىنگە ئايلىنىپمۇ قاچالماس دەپ ئويلىدىم.

مەن دائىم جۇڭگودىكى دوستلىرىمدىن مۇنداق ئاڭلايمەن : «بالا يۆتۆپ كەتكەندىن كېيىن 24 سائەتتىن كېيىن ئاندىن ساقچى تەرەپ دېلو تۇرغۇزىدۇ» ، بۇ گەپ ئىختىيارسىز تۆردە ماڭا «مىلتىق ئىزدەش» ناملىق كىنودىكى مۇنۇ سەھنە سۆزلىرىنى ئەسلىتىدۇ :« 24 سائەت ؟ بۇنچىلىك ۋاقىتتا ماشىنىغا ئولتۇرسىمۇ ئۆلكە مەركىزىگە بارغىلى بولىدۇ، پويىزغا ئولتۇرسا بېيجىڭغا ، ئايروپىلانغا ئولتۇرسا ئامېرىكىغا بارغىلى بولىدۇ !»

يۈتكەن باللارنى ئىزدەپ تېپىشنىڭ ئالتۇن ۋاقتى دەل ئىش يۈزبەرگەندىن كېيىنكى ئىككى سائەت ۋاقىت ئىچىدۇر، **24** سائەتتىن كېيىن ھەرىكەتكە كەلسە **&&^%%%$#@** (بۇيەردىكى سۆزگە ماسك تارتىلدى-تەرجىماندىن)

ئامېرىكىدا باللارنىڭ يەسلىدىن باشلاپ ھەر يىلى سۈرەتكە چۈشۈش كۈنى بولىدۇ. سۈرەتنى ئالىدىغان ۋاقىتتا سۈرەت بىلەن بىرگە مۇنداق بىر كارتىنى تاپشۇرۇپ ئالىمىز، بۇ كارتىنى ئاتا-ئانىلارنىڭ يېنىدا ئېلىپ يۈرۈشى تەلەپ قىلىنىدۇ.
ئۇنىڭدا بالىنىڭ ئىسىم-فامىلىسى، سۈرىتى، بالا يۈتۈپ كەتكەندىن كېيىن ساقچىغا مەلۇم قىلىش ئۈچۈن ئەسكەرتىلگەن «**911**» نومۇردىن

باشقا يەنە، ئامېرىكا دۆلەتلىك يۈتكەن بالىلارۋە زوراۋانلىققا ئۇچرىغان بالىلار مەركىزىنىڭ ئالاقىلىشىش نومۇرى قاتارلىقلار بولىدۇ. مەكتەپ تەرەپ بالىلارنىڭ ھەريىلىقى يېڭى سۈرەتلىرىنى ئامېرىكا دۆلەتلىك يۈتكەن بالىلار ۋە زوراۋانلىققا ئۇچرىغان بالىلار مەركىزى ئۇچۇر ئامبىرىغا يوللاپ تۇرىدۇ. بالىلار يۈتكەندىن كېيىن يۈتكەن بالىلار مەركىزىگە تېلېفون قىلىش بىلەن بىرگە ئەشۇ كارتىدىكى كود نومۇرىنى تەمىنلەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن سىستېما ئاپتوماتىك ھالدا مۇناسىۋەتلىك بالىنىڭ بارلىق ئۇچۇرلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ بۇ ساقچى تەرەپنىڭ بالىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلىرى ۋە يېپ ئۇچىنى ئىگىلىشىغا سەرپ قىلىدىغان ۋاقتىنى زور دەرىجىدە قىسقارتىپ بېرىدۇ.

ئۆنىڭدىن باشقا باللار مەكتەپكە كىرگەن تۇنجى كۈنى ، مەكتەپ تەرەپ ئاتا ـ ئانىلارغا بىر پارچە «باللارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى جەدۋىلى» تارقىتىپ بېرىدۇ ۋە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ جەدۋەلنىڭ تەلىپى بويىچە ئەستايىدىل تولدۇرۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. جەدۋەلنىڭ مەزمۇنى : بالىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى، لەقىمى، ئادرېسى، تېلېفون نومۇرى، تۇغۇلغان ۋاقتى، بوي ئېگىزلىكى، تەن ئېغىرلىقى، جىنسى، ئىرقى ، كۆز ۋە چىچىنىڭ رەڭگى، قان تىپى، دورا رېئاكسىيە قىلىش ئەھۋالى، مەخسۇس دوختۇرنىڭ ئۆچۈرلىرى قاتارلىقلار بولىدۇ. ئۆنىڭدىن باشقا يەنە بالىنىڭ ئالدى ۋە ئارقا تەرەپ بەلگىلىرى : يارا، تارتۇق ئىزى، مەڭ،ھامىلە مېڭىنىڭ كونكرت ئورنى قاتارلىقلار ، يەنە كۆزئەينەك تاقامدۇ ـ يوق، چىش

قاپلىمىسى ئىشلىتەمدۇ ـ يوق، قولىقى تىشىلگەنمۇ ـ يوق ۋە بارماق ئىزى قاتارلىق تەپسىلاتلارمۇ چەتتە قالمىغان. بۇلاردىن باشقا مەكتەپ ئاتا ـ ئانىلاردىن قەرەللىك تۈردە بالىلىرىنىڭ بوي ئېگىزلىكى ۋە تەن ئېغىرلىقىنى ئۆلچەپ خاتىرىگە ئېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئامېرىكىدىكى مەكتەپلەردە بالىلارغا دائىم دېگۈدەك ئەمەلىيەتكە يېقىن بېخەتەرلىك بىلىملىرى تەربىيىسى بېرىپ تۇرىدۇ ۋە بۇنى قاتتىق چىڭ تۇتىدۇ :

1. ھەرگىزمۇ يوچۇن كىشىلەر بەرگەن يېمەكلىك ۋە ئويۇنچۇقلارنى قوبۇل قىلماسلىق، بولۇپمۇ تاتلىق ـ تۈرۈملارنى.
2. جەزمەن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى،

خــزمەت ئــورنى، ئادرېســى ۋە تېلېفــۇن نومــۇرلىرىنى بىلىشكە كاپالەتلىك قىلىش.

3. بـــــاللار جەزمەن تۈرلـــــۈك تېلېفــــــۇنلارنى ئىشلىتىشــــنى بىلىشـــى، بولۇپمــۇ ســـاقچىغا مەلـــۇم قىلىشنى بىلىشى كېرەك.

4. ئاتـــا ـ ئانىســـىنىڭ ياردىمىـــدە جەزمەن بىرقـــانچە بىـــخەتەر قوشنىســــىنى ئېنىـــق تونـــۇش، خەتەرگە يولۇققانـــدا شـــۇلاردىن يـــاردەم تەلەپ قىلىشـــنى بىلىشى كېرەك.

5. ئامـــال بـــار يـېقىن دوســـتلىرى بـــىلەن كوللىتــىپ ھەرىكەت قىلىش، يالغۇز يۈرمەسلىك.

6. باللارنىـــڭ كەچـــتە ســـىرتقا چىقىشـــى زۆرۈر بولغانـــدا ئۇلارنىـــڭ چـــاپىنى يـــاكى شەپكىســـگە نۇرقايتۇرغۇچ چاپلىما بەلگە چاپلاپ قويۇش.

.......

بـــالىلار ۋەتەنىنـــىڭ كېلەچىكـــى ۋە ئۈمـــىدى، بـــۇ گەپ جۇڭگـــودا ھەمـــمە ئېيتالايـــدىغان ئىبـــارە.
لـــېكىن بـــىز ھەركـــۈنى دېگـــۈدەك تـــاراتقۇلاردىن بالىلارنىـــڭ زىيانكەشـــلىككە ئۇچرىغـــانلىقىنى، كـــۆزى ئويۇۋېلىنىـــــپ كوچىغـــــا تاشـــــلاپ قويۇلغـــانلىقىنى، پـــۇت ـ قـــولىنى كېســـىۋېتىپ تىلەمچىلىكـــكە ســـېلىنغانلىقىنى ...بىلـــگەن ۋاقتىمىـــزدا بىـــرنەچچە شـــام يېقـــىپ تىـــلەك تىلەشـــكە ئادەتلىنىـــپ كەتتـــۇق، دوســـتلار چەمبىرەكلىرىـــدە ئـــېلان تارقىتىشـــنى مـــودا قىلىۋالدۇق....ئۇنىڭـــدىن باشقا ئەمەلـــيي ھەرىـــكەت قىلىۋاتقـــانلار ئىنتـــايىن ئـــاز ، بەكـــلا ئـــاز . ئىســـمىدە قىلىشـــچە يۈتـــۈپ كەتـــكەن بـــالا ئادامنىـــڭ(Adam)سېتېمىســـىنىڭ نـــامى شـــۇ بـــالا بىـــلەن مۇناســـىۋەتلىك) دادىســـى مۇنـــداق بىرگەپنـــى قىلغـــان : كىشـــلەر ئەســـلىدە ھەرگىزمـــۇ مـــۇمكىن بولمايـــدۇ دېـــگەن بىرقىســـىم ئىشـــلار ، مەســـىلەن:

قـــانۇن تۇرغۇزۇلماســـلىقى مـــۇمكىن دېـــيىلگەن، بەلكـــم قۇرۇلۇشـــى مـــۇمكىن بولمـــاس دېـــگەن دۆلەتلـــك يـــۆتكەن بـــالىلار ۋە زوراۋانلىققـــا ئۇچرىغـــان بـــالىلارنى قوغـــداش مەركـــزى بۆگـــۈنكى كۈنـــدە رېئاللىققـــا ئايلانـــدى، مېنـــڭ بىلگـــنىم ، جامائەت پىكرى بۇلارنى بارلىققا كەلتۈردى.

ئامېرىكـــدا شـــۇنچە يـــل ياشـــاش جەريانـــدا بىلگـــنىم ، ئەمەلىيەتـــتە ئامېرىكـــا ھۆكۈمىتىنـــڭ ئـــش بېجـــرىش ئۈنـــۈمى ئـــۇنچە يۇقـــۇرى ئەمەس. ئەكســـچە جۇڭگـــو ھۆكۈمىتىنـــڭ سياســـەت ئىجـــرا قىلىشـــى دۇنيـــادا ئالـــدىنقى قاتـــاردا. ئامېرىكـــا ھۆكـــۈمىتى 1996-يىلـــى ئـــامبىر سىستېمىســـنى يولغـــا قويـــۇپ، 2005-يىلغـــا كەلگەنـــدە ئانـــدىن 50 شـــتاتتا تاماملىغـــان. مەن ئىشـــىنىمەنكى جۇڭگـــو ھۆكـــۈمتى ئەگەر بۇئىشـــنى قىلىمـــزلا دېســـە

بۇنچىلىك كۆپ ۋاقىت كەتمەيدۇ.
بــۇ مەنــچە ھەربىــر ئائىلىنىــڭ خــاتىرجەملىكى ئۈچــۈن ئىنتــايىن مــۇھىم بىــر ئىــش، بــۇ ھەربىــر ئــائىلىگە بەخــت ئاتــا قىلــدىغان قۇرۇلــۇش بولــۇپ قالغۇســى. بىزمــۇ جۇڭگــودىكى ھەربىــر بالىنىــڭ بىخەتەرلىكىنــى قوغــدايلى ، ئــۇلار ســاغلام ۋە خاتىرجەم ئۆسۈپ يېتىلسۇن !

*ئــاپتور ھەققىــدە ئىزاھــات : «لەن لەننىــڭ ئانىســى» تەخەللۇســىدىكى ئــاپتور ، ئامېرىكىــدا ياشــاۋاتقان بىرئانــا ، ئــۇ جۇڭگــو ئاخبــارات ئۇنىۋېرســتېتى ۋە ئامېرىكــا ســتانفورد ئۇنىۋېرســتېتىنى پۈتتــۈرگەن، ئــۇ بىــر مــۇخبىر بولــۇش سالاھىيىتى بىــلەن ئاخبــارات ساھەســىدە چاپقانــدىن تاشــقىرى يەنە مائارىــپ ، تەلىــم ـ تەربىــيە ساھەســىدىمۇ پىكىــر بايــان قىلىپ كەلمەكتە.*

ئورگان ئۈندىدار سالونىمىزغا مۇشتەرى بولۇڭ

ئائىلە مائارىپى ھەققىدىكى ئاكتىپ ئېنېرگىيە مەنبەسى

**«ئوكسىگېن»**

تارقتىش مەنبەلىرى

تاشپولات روزى ئەزىز ئائىلە مائارىپى بىلوگى

T_ROZI.COM

yanghin.cn | يانغىن ئېلكىتاب تورى

menzil.biz | مەنزىل ئېلكىتاب تورى

ئوقۇرمەنلەر QQتوپى نومۇرى : 315766795 | ئۈندىدار سالونى ئىزدەش نامى :

Tashpolatrozi